يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# قانۇنچىللىق روھىنى سادىقلىق بىلەن قوغداش

ــــ «يېڭى دەۋردىكى ئەڭ گۈزەل تەپتىش ئەمەلدارى»، قەشقەر شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئىككىنچى تەپتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇيەسسەر مەمەت توغرىسىدا

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈڭفېي

ئۇ جىنايەتچىلەرگە يۈز ـ خاتىر قىلمىدى، قانۇننى تەۋرەنمەي ئىجرا قىلدى؛

ئۇ ئاۋام ـ پۇقرالارغا مەردانىلىك، مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلدى.

ئۇ دەل قەشقەر شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئىككىنچى تەپتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇيەسسەر مەمەت. نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، يېقىندا، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۇنىڭغا «ھەققانىيەتنى ياقلاش ــ يېڭى دەۋردىكى ئەڭ گۈزەل تەپتىش ئەمەلدارى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

### «جىنايەتچىلەرگە دەل جايىدا، مۇقىم، قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك»

18 ياش ۋاقتىدا، مۇيەسسەر مەمەتنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا بۇرۇلۇش بولدى. ئەسلىدە قەشقەر سەفەن شۆيۈەننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولىدىغان ئۇ قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا يوشۇرۇنچە تىزىملىتىپ، ئاخىردا سىياسىي قانۇن كادىرى بولدى.

«ئاتا ـ ئانام، بوۋام ـ مومام، يەنە ئاپامنىڭ ئاپىسىمۇ سىياسىي قانۇن كادىرى ـ ساقچىسى، كىچىكىمدىنلا ئۇلارنىڭ قانۇن قورالى ئارقىلىق جىنايەتچىلەرنى جازالاپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ كەسىپنى ناھايىتى مۇقەددەس ھېس قىلاتتىم، بۇ كەسىپكە بولغان ئىنتىلىشىم تولۇپ تاشقانىدى، شۇڭلاشقا رەزىللىكنى جازالاپ، ياخشىلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان سىياسىي قانۇن كادىرى ـ ساقچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم» دېدى مۇيەسسەر مەمەت.

ھالبۇكى، تەپتىش خىزمىتى ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى. دۆلەت ئورتاق تىلى كەسپىنى ئۆگەنگەن ئۇنىڭ ئالدى بىلەن دۇچ كەلگىنى كەسپىي بىلىمنىڭ كەمچىللىكى بولدى. 2002 ـ يىلى، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن شىنجاڭ داشۆ قانۇن شۆيۈەنىنىڭ چوڭلار ئالىي مائارىپ ئىمتىھانىغا تىزىملىتىپ، ئىككى يىلدا قانۇن كەسپى بويىچە ئالىي تېخنىكوم ۋە تولۇق كۇرس دەرسلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆگەندى.

شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ پارتىيە تەشكىلىگە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇنۇپ، 2010 ـ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى.

مۇيەسسەر مەمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پارتىيەگە سادىق بولۇش قەلبىدە مەڭگۈ ساقلاش بولۇپلا قالماي، يەنە ھەرىكىتىدە گەۋدىلەندۈرۈش ئىدى. دېلو بېجىرگەندە ئۇنىڭ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىشى ئادەتتىكى ئىش ئىدى، بەزىدە ھەتتا كېچىچە ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. «ئېرىم ساقچى، خىزمىتىمۇ بەك ئالدىراش، ئىككى بالامغا دائىم قارايدىغان ئادەم يوق بولۇپ قالدۇ» دېدى مۇيەسسەر مەمەت ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن مۇيەسسەر مەمەت كەسىپكە بولغان ئىنتىلىشىدىن ئەزەلدىن ۋاز كەچمىدى، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر قىلچە بېپەرۋالىق قىلماسلىقتەك كەسپىي روھتا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىر دېلونى پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق بېجىرىشكە تىرىشتى. 2018 ـ يىلى، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق بىر دېلو ئارخىپىنى تەكشۈرگەندە، ئۇ بىر گۇماندارنىڭ يەنە باشقا جىنايى قىلمىشى بارلىقىنى بايقىدى، ئون يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن، تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش ئىنتايىن قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش سەپىرىگە ئاتلاندى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ خاتىرىسىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاھچىلارنى بىرمۇبىر ئىزدىدى، پولاتتەك پاكىت ئالدىدا جىنايەت گۇماندارى ئاخىر باش ئېگىپ جىنايىتىنى بويىنىغا ئالدى، ئاخىردا قانۇن بويىچە جازالاندى.

### «ئۈچ ئېلىشتىن قورقسام تەپتىش ئەمەلدارى بولمايتتىم»

مۇيەسسەر مەمەت ئىككىنچى تەپتىش بۆلۈمدە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولۇپ، بېجىرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى چوڭ، مۇھىم دېلولار ئىدى. بۇ تارماقنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ دائىم خىزمەتداشلىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇراتتى: «تۈرلۈك سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش ـ بېرەلمەسلىك ئالاقىدارلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشكە تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك، چوقۇم تۆۋەن چەكنى ساقلاپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇپ، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش كېرەك».

باشقىلاردىن قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشنى ئۇ ئاۋۋال ئۆزى قىلدى.

2018 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، ئىشخانىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان مۇيەسسەر مەمەتكە دەرۋازىۋەن بىرەيلەننىڭ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. دەرۋازىغا چىققاندا، بىر ئايال ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭغا بىر كىچىك خالتا بەردى. مۇيەسسەر مەمەت خالتىنى ئېچىپ ئىچىدە قىلىن بىر تۈتام خەلق پۇلى بارلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قايتۇرۇۋەتتى. مۇيەسسەر مەمەتنىڭ ئالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئايال ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «سىزدىن ئۆتۈنەي، ئېرىمنى قويۇپ بەرگەن بولسىڭىز، قېيىنئاتام ـ قېيىنئانام ياشىنىپ قالدى، يەنە تېخى كېسەلچان، بالامۇ مېيىپ، ئېرىم بولمىسا بىز قانداق ياشايمىز ؟» دېدى.

ئائىلە تەۋەسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ئالدىدا، مۇيەسسەر مەمەت كەيپىياتىنى تەڭشىۋېلىپ، سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «قانۇن ئادىل، جەزمەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك. سىز ئېرىڭىزگە جىنايىتىنى ئەيىبەن تاپشۇرۇش، ئاكتىپ پاش قىلىش، خىزمەت كۆرسىتىپ جازانى يېنىكلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىڭ، سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بالدۇرراق جەم بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.» مۇيەسسەر مەمەت دېلو تەكشۈرۈشنى قانۇن بويىچە ئادىل ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ كۈن ئىچىدىلا گۇماندارنى سوتقا ئەيىبلىدى، قانۇنسىز ئۇنسۇرلار تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىدى.

### «قانۇنچىللىقنىڭ روھى جازالاش بولۇپلا قالماي، يەنە قۇتقۇزۇش»

«قانۇنچىللىقنىڭ روھى جازالاش بولۇپلا قالماي، يەنە قۇتقۇزۇش. ئاممىنىڭ قانۇنچىللىق قارىشىنى كۈچەيتكەندىلا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش تۈپرىقىنى تۈپتىن يوقاتقىلى بولىدۇ» دېدى مۇيەسسەر مەمەت قانۇنچىللىققا بولغان چۈشەنچىسى ئۈستىدە توختىلىپ.

2017 ـ يىلدىن باشلاپ، قەشقەر شەھىرىدە قانۇننى چۈشەندۈرۈپ لېكسىيە سۆزلەش يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

مۇيەسسەر مەمەت بۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان جەمئىي 1000دىن ئارتۇق ئاممىغا لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى 70 نەچچە ياشلىق بىر موماي بولۇپ، ئوغلى جىنايى ھەرىكەتكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن جىنايى جازا بېرىلگەنىدى، ئۇ دەسلەپتە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىگە ئىنتايىن قارشى ئىدى، ياكى ئىشكىنى ئاچمايتتى، ياكى ئىشكىنى ئاچسىمۇ كارى بولمايتتى، ھەتتا مۇيەسسەر مەمەت ئېلىپ كەلگەن ياغ، نان قاتارلىقلارنى ئىشىك سىرتىغا تاشلىۋەتكەنىدى.

مۇيەسسەر مەمەت بوشىشىپ قالماي، قايتا ـ قايتا بېرىپ يوقلىدى. مومايغا ھەمراھ بولۇپ بىللە تاماق ئېتىپ، بىللە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ، ھېسسىياتىنى يېقىنلاشتۇرغاندىن كېيىن، مومايغا قانۇننى چۈشەندۈردى ۋە مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئوغلىڭىزنى پائال قۇتقۇزۇۋاتىدۇ، قېيىنچىلىقىڭىز بولسا تەشكىلمۇ ياردەم بېرىدۇ».

مومايىنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن ئاستا ـ ئاستا يېشىلدى، ئۇ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا مۇنداق دېدى: «سىزگە ئۇۋال قىلدىم بالام، مەن بىلدىم، ئوغلۇم جىنايەت ئۆتكۈزدى، پارتىيە ۋە دۆلەتكە يۈز كېلەلمەيدۇ. ئوغلۇمنى ياخشى ئۆزگەرتىپ، يېڭىباشتىن ئادەم قىلىمەن. تۇغقانلىرىم ۋە يۇرتداشلىرىمغىمۇ چوقۇم قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرالاردىن بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىمەن.» بىر قېتىم مۇيەسسەر مەمەت باشقا بىر كەنتتە قانۇننى چۈشەندۈرۈپ لېكسىيە سۆزلىگەندە، موماي تېخى مەخسۇس پېتىر مانتا ئېتىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەردى.

مۇيەسسەر مەمەت نۇقتىلىق ياردەم بېرىدىغان ـ يۆلەيدىغان ئىككى نامرات ئائىلە بار، 2016 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۇ ھەر ئايدا ئۇلارنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇلارغا مەنىۋى ئىللىقلىق يەتكۈزدى ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر نامرات ئائىلىنىڭ قەنت كېسىلى ۋە يۈرەك كېسىلى بار ئىدى، مۇيەسسەر مەمەت ھەر ئايدا ئۇنىڭغا دورا ئېلىپ بېرىشنى ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. يەنە بىر نامرات ئائىلە كاۋاپچىلىق قىلالايتتى، بالىسى ئاغرىپ قالغانلىقتىن نامراتلىشىپ كەتكەنىدى، مۇيەسسەر مەمەت 2000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ بۇ نامرات ئائىلىگە بىر يۈرۈش كاۋاپدان ئېلىپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئائىلىدىكىلەر كاۋاپ سېتىشقا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونىدا يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن

# 20 تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ئەترىتى مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىنىڭ تۇرپان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاچقان تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئىدىقۇت رايونىدا يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، تۇرپان شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى دەرھال قوزغاتقان، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى بىرىنچى ۋاقىتتا مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى تۇرپان شەھىرىگە ئەۋەتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان، ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەر تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ۋە مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرغان. نۆۋەتتە، تەشكىللەنگەن 20 تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ئەترىتى مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان، يېقىندىن ئۇچراشقان 27 كىشى، يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقان 76 كىشى رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن، ھەممىسى مەركەزلىك ئايرىپ كۆزىتىلگەن.

تۇرپان شەھەرلىك سەھىيە ۋە ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر مىڭ گوفۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى نوكلېئىك كىسلاتاسى بويىچە قەرەللىك تەكشۈرۈش جەريانىدا، تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇسبەت چىققان بىرەيلەننى بايقىغان، مۇتەخەسسىسلەر كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى دەپ دىياگنوز قويغان. كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن تۇنجى يۇقۇملانغۇچى بايقالغاندىن كېيىن، تۇرپان شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تارماقلىرى تېزلىكتە ئۇنىڭ بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار ھەم يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقانلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، ھەممىسىنى نوكلېئىك كىسلاتاسى بويىچە تەكشۈرگەن. تۇنجى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ ئۆيىدە بەش جان بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى، ئانىسىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇسبەت چىققان، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنپىي چىققان. نۆۋەتتە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئۈچ يۇقۇملانغۇچى بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ، ئايرىپ تېببىي كۆزىتىلىۋاتىدۇ.

تۇرپان شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئىشخانا مۇدىرى سۈڭ لياڭۋاڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئىدىقۇت رايونىدا يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، تۇرپان شەھىرى دەرھال يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى قوزغىتىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەت كۈچلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، 20 تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار، يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقانلارنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇرپان شەھىرى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تېزدىن قانات يايدۇرۇپ، يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار، يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقانلارنى بىر ئادەمگە بىر ئادەم مەسئۇل بولۇش بويىچە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈردى، نۆۋەتتە تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىردەك مەنپىي چىقتى؛ نۇقتىلىق رايونلاردىكى خادىملارغا قارىتىلغان نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى قوزغىتىپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلار تۇرۇشلۇق كارخانا قاتارلىق نۇقتىلىق رايون ھەم ئەتراپتىكى 736 كىشىنى 5:1لىك ئارىلاشما نەيچىگە ئېلىش بويىچە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، نۆۋەتتە، نەتىجىسى بىردەك مەنپىي چىقتى؛ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئىككى كۈن ۋاقىت ئىچىدە ئىدىقۇت رايونىدىكى بارلىق خادىملار نوكلېئىك كىسلاتاسى بويىچە تەكشۈرۈلىدۇ.

نۆۋەتتە، تۇرپان شەھىرى نۇقتىلىق سورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ـ ئۆلچەش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، بىرىنچى ۋاقىتتا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئائىلە مۇھىتى، ئولتۇراق رايونى ھەم خىزمەت سورۇنلىرىنى ئاخىرقى ئۈچ ئۆلچەمدە دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈردى؛ ئاممىۋى مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، دېزىنفېكسىيەلەش قېتىم سانىنى ئاشۇرۇپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرى، يۈندى يولى، ئەخلەت ساندۇقى، شەھەر ـ يېزا يوللىرى قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلارنى دېزىنفېكسىيەلەش، مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتتى؛ تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەش تېخنىكا قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، مەركەزلىك ئايرىش سورۇنلىرىدا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ۋە جىسىملارنىڭ سىرتقى يۈزى، تازدىلىق سايمانلىرىنى دېزىنفېكسىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇتلەق بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش، بىرلەشمە تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى ۋە ئىدىقۇت رايونىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇم ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، تۇرپان شەھەرلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى تەتقىق قىلىپ مۇنداق قارار قىلدى: 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت 20دىن باشلاپ، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى خۇڭدۈن ئولتۇراق رايونىنىڭ يۇقۇم خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى ئوتتۇراھال خەۋپ ـ خەتەر دەپ بېكىتىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن «يىرىك پىلان پروگراممىسى»نى تۈزۈش، تەييارلاش ئەھۋالى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بەردى. لى خۇيۈن، خۇاڭ يۈ، تيەن ۋېيجياڭ، جوۋ يىڭبىن، يۈەن ۋېيمىن، جاڭ پېڭچېڭ، ۋاڭ نىڭ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ساھە، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن شىنجاڭنىڭ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدىكى تەرەققىيات پىكىر يولى، ۋەزىپىسى، تەدبىرلىرى توغرىسىدا پىكىر ـ تەكلىپ بەردى. شۆھرەت زاكىر ئارىلاپ كۆپچىلىك بىلەن ھەمتۈرتكە بولۇپ، سەممىي پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى بەش يىلدىكى تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ياخشى سۈرەتلەش يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. «يىرىك پىلان پروگراممىسى»غا كەڭ دائىرىدە پىكىر ـ تەكلىپ ئېلىشتا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ تەدبىر سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىرلىرى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەجرىبىلىرىنى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشتە تولۇق قوبۇل قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ئەمەلىيەت ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر ئاساسى بار، قىممىتى بار نۇرغۇن پىكىر ـ تەكلىپ بەردى، بۇ، «يىرىك پىلان پروگراممىسى»نى ياخشى تۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ، بىز ئەستايىدىل رەتلەپ، تولۇق قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە تېخىمۇ ماسلاشىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغان، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىمىز.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىشىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل. بىز پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ھەرقايسى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە ئىلگىرىكىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ، دىققەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنى پائال قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىشى، كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەنئەنىۋى دومنا پېچنىڭ ئوكسىگېن ئاخىرقى چېكىدە ئۈزلۈكسىز بۆسۈش ھاسىل قىلىپ ۋە ئۈنى يېڭىلاپ، بۇ يىللىق ئوكسىگېنلىق دومنا پېچنىڭ 1 ـ باسقۇچتا يەتكۈزۈلگەن شامالنىڭ ئوكسىگېن مىقدارىنى 35%كە يەتكۈزۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار يەنە يۇقىرى كۆمۈر پۈركۈش نىسبىتى بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئوخشاش تىپتىكى دومنا پېچنىڭ كۆمۈر پۈركۈش ئاخىرقى چېكىدە بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

ئوكسىگېنلىق دومنا پېچنى ئۆزگەرتىپ قوللىنىش «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇشىنىڭ ئىنچام كارتىنىسى. ئوكسىگېنلىق دومنا پېچ تېخنولوگىيەسىدە ساپ ئوكسىگېن ئىشلىتىش ئىسسىق شامال يەتكۈزۈشنىڭ ئورنىنى ئالدى، ئەنئەنىۋى دومنا پېچقا سېلىشتۇرغاندا، كاربون (IV) ئوكسىدى قويۇپ بېرىش مىقدارى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئوكسىگېنلىق دومنا پېچتا كاربون قويۇپ بېرىش 40%تىن كۆپرەك ئازايغان، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 40% ئەتراپىدا ئاشقان.

«1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى ئوكسىگېنلىق دومنا پېچنىڭ پېچ باشلىقى تيەن باۋشەن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئوكسىگېنلىق دومنا پېچنىڭ كۆمۈر گازى كاربونسىزلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تەكرار ئىشلىتىلىدۇ، بۇلغىمىنى 50%تىن كۆپرەك ئازايتىش تۆمۈر تاۋلاش تېخنولوگىيەسىگە نىسبەتەن غايەت زور بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ.

كېيىنكى قەدەمدە، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى ئوكسىگېنلىق دومنا پېچتا كاربون (IV) ئوكسىدىنى ئايرىۋېتىپ، ئۈچ ئايدىن تۆت ئايغىچە ۋاقىتتا كۆمۈر گازىنىڭ ئايلىنىش تېخنولوگىيەسى تەرتىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، 2 ـ باسقۇچلۇق سانائەت تەجرىبىسىدە 50%لىك ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى ئوكسىگېنلىق مېتال تاۋلاش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)